# 37753 - تەراۋىھ نامىزدىن كېيىن جامائەت شەكلىدە دۇئا قىلىش توغرىسىدا

## سوئال

تەراۋىھ نامىزى ، تەراۋىھ نامىزى توغرىسىدا پەيدا بولغان بىدئەتلەر ۋە تەراۋىھ نامىزدىن كىيىن جامائەت شەكلىدە دۇئا قىلىش توغرىسىدا بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىسلەر بولسا بايان قىلىپ بەرگەن بولساڭلار؟.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىقگۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭپەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرىبولسۇن.

سوئالنىڭ بىرىنچى تارمىقىئۈچۈن تور بىكىتىمىزنىڭ روزا توغرىسىدىكى كۆزنىكىدىنتەراۋىھ نامىزى ۋە قەدىر كېچىدېگەن تېمىسىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئەمماتەراۋىھ نامىزدىن كېيىن جامائەت شەكلىدەدۇئا قىلىش بولسا كېيىن پەيدا بولغان بىدئەت ئىشلاردىنبولۇپ، بۇ توغرىداپەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداقدېگەن:**«كىمكى دىنى ئىشلاردا بىز بۇيرۇمىغان ئىشلارنىقىلىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ قىلمىشى رەت قىلىنىدۇ»**. [مۇسلىم رىۋايىتى3243-ھەدىس].

تەراۋىھنامىزدىن كىيىنپەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ:**«سۇبھانەلمەلىكۇل قۇددۇس»** دېگەن سۆزنى ئۈچقېتىم دېگەنلىكى، ئۈچىنچى قېتىمدا يۇقىرىئاۋازدا دېگەنلىكىرىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئۇبەيئىبنى كەئەب رەزىيەللاھۇئەنھۇھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:**«پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋىترنامىزداسەببەھىسمە رەببىكەل ئەئلا،قۇل يا ئەييۇھەل كاپىرۇن ۋە قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد قاتارلىق سۈرىلەرنىئوقۇيتتى، سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن: سۇبھانەلمەلىكۇل قۇددۇس، سۇبھانە مەلىكۇلقۇددۇس، سۇبھانە مەلىكۇل قۇددۇسدەپ ئاخىرىدائاۋازىنى يۇقىرى قىلاتتى.»** [بۇھەدىسنى ئىمام ئەھمەد14929-ھەدىستە، ئەبۇ داۋۇد1430-ھەدىستە، نەسائى1699-نومۇرلۇق ھەدىستە رىۋايەت قىلغان. شەيخ ئەلبانىرەھىمەھۇللاھ نەسائىنىڭسەھىھھەدىسلەر توپلىمىدا(1653) كەلتۈرگەن].

ئۇبەيئىبنى كەئەب رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ ئۆمەررەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭدەۋرىدە جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز قىلغىنىغا ئوخشاش، ۋىتر نامىزىدا ئىمامقۇنۇت دۇئاسى ئوقۇيدۇ، جامائەتلەرئىمامغا ئەگىشىپ، ئىمامنىڭ كەينىدە ئامىندەيدۇ، بۇ نامازدىن كېيىن جامائەت بولۇپدۇئا قىلىشتىن ئىبارەت بولغان بىدئەت ئىشتىن بىھاجەتقىلىدۇ.

ئاللاھتائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.